# مەككە پەتھىدىن كېيىن ھىجرەت يوق، لېكىن جىھاد ۋە ئۇنىڭغا نىيەت قىلىش مەۋجۇتتۇر، ئەگەر جىھادقا چاقىرىلساڭلار چىقىڭلار

ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىستە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەككە پەتھى كۈنى مۇنداق دېگەن: مەككە پەتھىدىن كېيىن ھىجرەت يوق، لېكىن جىھاد ۋە ئۇنىڭغا نىيەت قىلىش مەجۇت، ئەگەر جىھادقا چاقىرىلساڭلار چىقىڭلار. شۇ كۈنى رەسۇلۇللاھ: بۇ شەھەرنى ئاللاھ سۇبھانەھۇ ۋەتائالا ئاسمان زېمىننى ياراتقان چاغدا ئۇرۇش قىلىشقا ھارام قىلغان، ئۇنداقتا بۇ شەھەر ئاللاھ تائالانىڭ ھارام قىلىشى بىلەن قىيامەت كۈنىگىچە ھارام بولدى. شەكسىزكى بۇنىڭدا ئۇرۇش قىلىش مەندىن ئىلگىرى ھېچكىمگە ھالال بولمىغان، ماڭىمۇ بۈگۈن بىرقانچە سائەتلام ھالال قىلىندى، بۇ ئاللاھ تائالانىڭ ھارام قىلىشى بىلەن قىيامەت كۈنىگىچە ھارامدۇر. ھەرەم چىگراسى ئىچىدە ھەتتا تىكەنمۇ كېسىلمەيدۇ، ھايۋانلىرى ئۈركۈتۈلمەيدۇ، ئۇنىڭدا تېپىۋېلىنغان نەرسىنى ئېلان قىلىش يۈزىسىدىن ئالمىسا ئۇنى ئېلىشقىمۇ رۇخسەت قىلىنمايدۇ ۋە ئۇنىڭدىكى ئوت-چۆپلەرمۇ ئورالمايدۇ، دېۋىدى. ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: ئى ئاللاھنىڭ ئەلچىسى! قەغەزگۇلدىن باشقىسى شۇنداق بولسا، چۈنكى بۇ ئۇلارنىڭ تۆمۈرچىلىك ئىشلىرى ۋە ئۆيلىرىگە لازىم بولىدۇ دېۋىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: قەغەزگۇلدىن باشقىسى شۇنداق بولسۇن، دېدى

[سەھىھ(بەش شەرت تولۇق بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ)] [ھەدىسنى بۇخارى ۋە مۇسلىم بىردەك قوبۇل قىلغان]

ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەككە پەتھى بولغان كۈنى خۇتبە سۆزلەپ، مۇنداق دېدى: مەككىدىن ھىجرەت قىلىش يوق، چۈنكى ئۇ ئىسلام دىيارى بولدى، ئەمما جىھاد داۋملىشىدۇ ۋە جىھادقا چىقىشى تەلەپ قىلىنغان كىشىلەرنىڭ ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىتائەت قىلىپ، ئەمرىنىڭ بۇيرۇقىغا بويسۇنۇشى لازىم. ئاندىن مەككىنىڭ ئۇرۇش قىلىشقا ھارام قىلىنغان شەھەر ئىكەنلىكىنى تىلغا ئالدى ۋە ئۇنىڭ ھارامىلىقى ئاللاھ تائالا ئاسمان ۋە زېمىننى ياراتقاندىن تارتىپ داۋاملىشىۋاتقانلىقى، بۇ پەيغەمبىرىمىزدىن ئىلگىرى ھېچكىمگە ھالال قىلىنمىغانلىقى، بۇنىڭدىن كېيىنمۇ ھېچكىمگە ھەرگىز ھالال بولمايدىغانلىقى، ھەتتا پەيغەمبىرىمىزگىمۇ شۇ كۈنى بىرقانچە سائەتلام رۇخسەت قىلىنغانلىقى، ئۇنىڭدىن كېيىن ھارامىلىقىغا قايتۇرۇلغانلىقى قاتارلىقلارنى بايان قىلدى. ئۇنىڭدىن كېيىن مەككىنىڭ ھارامىلىقىنى بايان قىلىپ: ھەرەم دائىرىسىدە ھەتتا تىكەنمۇ كېسىلمەسلىكى، ھايۋانلىرى ئۈركۈتۈلمەسلىكى، ئۇنىڭدا تېپىۋېلىنغان نەرسىنى ئېلان قىلىش يۈزىسىدىن ئالمىسا ئېلىشقا رۇخسەت يوقلىقى ۋە ئۇنىڭدىكى ئوت-چۆپلەرنىڭمۇ ئورالماسلىقى كېرەكلىكىنى ئېيتتى. بۇنىڭدىن قەغەزگۈل مەككە ئەھلىنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن مۇستەسنا قىلىندى. تەيسىيرىل ئەللام 384- بەت، تەنبىھۇل ئەفھام 3- توم 515- بەت، تەئسىسۇل ئەھكام 3- توم351- بەت